ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق



# خۇاڭ جىگۇاڭ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

چيۇ شۈخۇا

# خۇاڭ جىگۇاڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلدانە ئابدۇرېھىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

黄继光／邱守华编著；伊丽达娜·阿布都热依木译.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.5（2007.4重印）
（少年红色经典）
ISBN 978-7-228-10137-5

Ⅰ.黄... Ⅱ.①邱...②伊... Ⅲ.儿童文学—革命故事—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I287.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2006）第049266号

策　　划：艾克拜尔·艾力
责任编辑：穆纳尔江·托合塔洪
责任校对：古丽夏尔·尼格买提

**黄继光**（维吾尔文）

伊丽达娜·阿布都热依木　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　5.625印张　2插页
2006年7月第1版　2009年2月第2次印刷
印数：4061—8060

ISBN 978-7-228-10137-5　定价：10.00元

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社 2004 年 9 月 1 版, 2004 年 9 月第 1 次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت

# خۇاڭ جىڭۇاڭ

تەرجىمە قىلغۇچى : ئىلدانە ئابدۇرېھىم
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1230×880 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 5.625 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 8060——4061
ISBN 978 －7 －228 －10137 －5
باھاسى : 10.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» ناملىق بۇ مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايىلەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى تۈركۈمدىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىزچىل چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىزلىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەشۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

ساددا ھەم كۈچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، توقۇ-
نۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى
ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىل-
لىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسوناژلار-
نىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. بۇ
ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل
تۇرمۇش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار
ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجا-
دىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېڭىلىق تۇيغۇسى ۋە ئوقۇش-
چانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدى-
لىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئۇس-
لۇبىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىپ تۇرىدۇ،
ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستې-
تىك رولغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلا-
بىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېڭزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قەھرى-
مانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد،
بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقىلىق
تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كارتون فىلىم،
ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپ
چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىن-
لىشىش، مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىز، ئىن-
قىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۈز-
لۈكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئۈ-
مىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە

قەيسەر خو يۈەنزى ..................... 1
قىزىل ئارمىيىنى ئىزدەش ..................... 13
ھەقىقىي ئەسكەر ..................... 27
پىدائىي ئارمىيىگە قاتنىشىش ..................... 41
ئالاھىدە ئۇرۇش سىناقلىرى ..................... 55
مەرگەن ..................... 68
تۇنجى قېتىم خىزمەت كۆرسىتىش ..................... 81
تۇنجى قېتىم ئۇرۇشقا قاتنىشىش ..................... 94
شاڭگەنلىڭ ..................... 107
ھالقىلىق پەيت ..................... 120
تاغ قىرىدىكى جىددىي ئېلىشىش ..................... 131
تۆت قېتىم سەكرەپ ئىلگىرىلەش ..................... 142
ئالغا، ئالغا ..................... 153
ئالاھىدە قەھرىمان ..................... 163
مۇقەددەس زېمىنغا نەزەر ..................... 172

# قەيسەر خو يۈەنزى

1930 ـ يىلى قىش، سىچۈەننىڭ جۇڭجياڭ ناھىيىسى. سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى، بەيجەيزى تېغى باغرىدىكى فاسەيىيا كىچىك تاغلىق كەنتىدە سوغۇق تېخىمۇ ئەدەپ كەتكەنىدى، دەريا سۈيى خېلى بۇرۇنلا مۇز تۇتقان، كەمبەغەللەر يىرتىق كىيىملىرىنى قوشلاپ كىيىپمۇ، سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى.

فاسەيىيا كەنتىدىكى ھەربىر نامراتنىڭ چىرايى ئېچىلمايتتى. 12 ـ ئاي كىرسە، ھاۋا تېخىمۇ سوغۇق بولۇپ كېتەتتى، تەڭرى قەستەن بۇ نامراتلار بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئەڭ سوغۇق بىر كۈنى، نامرات دېھقان خۇاڭ دېجۇڭنىڭ كەپىسىدە دېڭ فاڭجىننىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

يەنە بىر بالا تۇغۇلىدىغان بولدى، خۇاڭ دېجۇڭ يا خاپا بولۇشىنى، يا خۇشال بولۇشىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلىگىنى بىلەن، بىر تىيىنمۇ ئىقتىساد قىلالمىغان، پەقەت دادىسىدىن قالغان ئازغىنا يېرى بار ئىدى. بۇ يەرگە تايىنىپ بىر ئائىلىنى بېقىپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۇ ھازىر ھەم يىللىقچى، ھەم كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. شۇنچە جاپالىق ئىشلىسىمۇ بىر ئائىلىنى باقالماي، ئاخىر پومېشچىك لى جىچېڭدىن پۇل قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. لى جىچېڭ يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن

قەرز بېرەتتى، ئۇنىڭ خۇاڭ دېجۇڭغا ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان ئاشۇ ئازغىنا يەرگە كۆزى چۈشۈپ يۈرەتتى. خۇاڭ دېجۇڭغا قەرز بېرىشتىكى مەقسىتىمۇ ئۇنى يېرىنى سېتىشقا قىستاش ئىدى. خۇاڭ دېجۇڭ ئۇنىڭ بۇ غەرىزىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كۈنىنىڭ قات-تىقلىقىدىن يەنىلا قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. هازىر ئۇنىڭ ئائىلىسىگە يەنە بىر جان قوشۇلۇش ئالدىدا، خوتۇنى تۇغۇتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە توقۇمىچىلىق قىلالمايدۇ، خۇاڭ دېجۇڭنىڭ بۇ-نىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرى تېخىمۇ قىيىنچىلىقتا ئۆتىدۇ، بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن ئادەم هامان بالىلىق بولىدۇ، بالا ئاتا ـ ئانى-نىڭ ئۈمىدى، تۇرمۇشتا قانداق قىيىنچىلىقتا قېلىشتىن قەت-ئىينەزەر، خۇاڭ دېجۇڭ يەنىلا خوتۇنى دىڭ فاڭجىنىڭ ئوڭۇشلۇق كۆزى يورۇشىنى تىلەيتتى. ئۇلارنىڭ هازىر بىر ئوغلى بار، بىراق ئۇنىڭ تېنى ئاجىز. خۇاڭ دېجۇڭ خوتۇنىنىڭ ساغلام، ئە-قىللىق ئوغۇل تۇغۇشىنى تىلەيتتى.

دىڭ فاڭجى ئېرىگە قارىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېيتقۇسىز ئازابلىناتتى. ئۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ، شۇ تاپتا ئېرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاشلا ئازابلىنىۋاتىدۇ.

يېرىم كېچە، سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى، دىڭ فاڭجى تولغاق ئازابىدا ۋارقىرايتتى.

خوتۇنىنىڭ قىينىلىۋاتقىنىغا قاراپ، خۇاڭ دېجۇڭنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ خوتۇنىغا ئىچى ئاغرىۋاتاتتى.

چىنچىراغ تۈيۈقسىز نۇرلىنىپ كەتكەندەك، قاتتىق تولغاق ئازابىدىن كېيىن دىڭ فاڭجىنىڭ كۆزى يورۇدى !

بالىنىڭ ئىڭەلىگەن ئاۋازىدىن دىڭ فاڭجى چوڭقۇر تىن تارتتى.

— فاڭجى، ئوغۇلكەن! — خۇاڭ دېجۈڭ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىدى.

— دادىسى، ئىسىم قويۇڭ، — دېڭ فاڭجى تەستە كۈلۈمسىرىدى.

— خۇ يۈەنزى بولسۇن، — خۇاڭ دېجۈڭ بۇ ئىسىمنى بالدۇرلا ئويلاپ قويغانىدى.

خۇ يۈەنزى دەل خۇاڭ جىڭگۇاڭ ئىدى، خۇ يۈەنزى ئۇنىڭ كىچىك ئىسمى. شۇ چاغدا، كەنتتىكىلەر «خۇ يۈەنزى» دېگەن ئىسىمنى «خۇاڭ جىڭگۇاڭ» دېگەنگە قارىغاندا ئۇرغۇلۇق چاقىراتتى، خۇاڭ جىڭگۇاڭ «ئالاھىدە دەرىجىلىك قەھرىمان» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ، شىما يېزىسى «خۇاڭ جىڭگۇاڭ يېزىسى»، يېزا باشلانغۇچ مەكتىپى «جىڭگۇاڭ باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ ئاتالغانمۇ، چوڭلار يەنىلا ئۇنى خۇ يۈەنزى دەپ چاقىرىۋەردى.

خۇاڭ جىڭگۇاڭنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئاپىسى ئىشلەيدىغان فابرىكىدا توقۇمىچىلىق ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ئىچىدە ئۆتتى، ماشىنىنىڭ ئاۋازى خۇاڭ جىڭگۇاڭغا ئەللەي ناخشىسى ئىدى. جاپالىق كۈنلەر كىچىك خۇاڭ جىڭگۇاڭغا بىلىنمەيتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئەللەي ناخشىسىنى ئېسىدىن چىقارمايتتى، ئاشۇ ناخشا قوينىدا ئۆزىنى چەكسىز ئىللىقلىق ۋە بەخت ئىچىدە ھېس قىلاتتى. ئاپىسىنىڭ ئەللەي ناخشىسى ئۇنىڭغا باھار شامىلىدەك يېقىملىق، يامغۇر تامچىسىدەك يېنىك تۇيۇلاتتى.

خۇاڭ جىڭگۇاڭنىڭ دۇنياسى تولىمۇ كىچىك ئىدى. ئاپىسى ئېتىزغا ئوت - چۆپ يۇلغىلى بارسىمۇ بىللە باراتتى؛ ئاپىسى تاغ باغرىغا ئوتۇن كەسكىلى بارسىمۇ بىللە باراتتى؛ ئاپىسى تاغقا خۇش پۇراقلىق لىيادىنك تەرگىلى بارسىمۇ بىللە باراتتى؛ ئاپىسى ئورمانغا دورا ئۆسۈملۈكى كولىغىلى بارسىمۇ بىللە باراتتى. ياز

كۈنلىرى ئۇ يالاڭ ئاياغ، كۆتى ئوچۇق يۈرەتتى؛ قىشتا، يىر-
تىق كىيىملەرنى كىيەتتى. ئۇ ئىش قىلىشتا تولىمۇ ئەستايى-
دىل ئىدى، ھەرقانداق ئىشنى تالىشىپ قىلاتتى. ئىش قىلىش
ئۇنىڭ ئۈچۈن جاپا بىلىنمەيتتى، ئۆزىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش
ئىشلارنى قىلىپ، ئۆيىدىكى ھەقىقىي ئەركەككە ئايلانغانلىقىدىن
پەخىرلىنەتتى.

ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تۇرمۇشى ھەرقانچە نامرات بولسىمۇ،
ئوغلىنى جاپادا قويۇشنى خالىمايتتى. خۇاڭ جىڭگۇاڭ ئاتا - ئانى-
سىنىڭ كۆيۈنۈشى ئاستىدا چوڭ بولدى. ئۇ تاغ باغرىدا ئەركىن
يۈگۈرەيتتى، ئۇ نۇرغۇن بالىلار بىلەن دوست بولۇپ، بالىلارچە
خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇنىڭ زېھنى بارغانسېرى
كېڭىيىشكە باشلىدى، ئۇ ئەمدى ئاپىسىغا ئەگىشىپ يۈرمەيدى-
غان، بەلكى دوستلىرى بىلەن تاغدىن ئوتۇن كېسىپ، دورا ئۆ-
سۈملۈكلىرىنى يىغىپ كېلىدىغان، كىچىك تۇرۇپلا چوڭلارنىڭ
ئىشىنى قىلىدىغان بولدى! ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تاغ - ئورمانلارغا
بارىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دوستلىرى بار-
غانسېرى كۆپەيدى.

خۇاڭ جىڭگۇاڭ ماڭغانسېرى يىراقلاپ كەتتى، قوشنا يېزا،
قوشنا كەنتلەردىمۇ نۇرغۇن بالىلار بىلەن دوست بولدى. بۇ
دوستلىرى ئۇنىڭغا تاغ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ
بەردى، ئۇمۇ ئۇ بالىلارغا ئۆز يېزىسىدىكى ئىشلارنى، مەسىلەن،
لى جىنچېڭنىڭ قارا نىيەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يېرىنى تار-
تىۋېلىش كويىدا يۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى؛ دوستلىرى ئۇ-
نىڭغا «ئورۇق مايمۇن» ۋېي جياچاڭنىڭ ئىنتايىن رەزىل كىشى
ئىكەنلىكىنى، ھەرگىز ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالماس-
لىق كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بەردى. گۇاڭفۇ يېزىسىدىكى جېن

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

مېيىزى ئۇنىڭغا كۆزلىرى پولتىيىپ چىققان، يۈزىنىڭ گۆشلىرى ئېسىلىپ تۇرىدىغان رەزىل پومېشچىك ياڭ يۇڭگاڭنىڭ كەمبەغەللەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ باسمىچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. يەنە باشقا دوستلىرى ئۇنىڭغا پومېشچىك گۇ شۇنجى بىلەن پومېشچىك لى جىچېڭنىڭمۇ ئوخشاشلا رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ياڭ يۇڭگاڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىنلىقىنى سۆزلەپ بەردى. خۇاڭ جىگۇاڭ دوستلىرى بىلەن ئوت - چۆپ يىغقاچ مۇنازىرىلىشىش جەريانىدا پومېشچىك، زومىگەر، باسمىچى، ئالدامچى ئەبلەخلەرنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، خۇددى قارا توردەك يېيىلىپ، بۇ كىچىك تاغلىق كەنتلەرنى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنى دوستلىرىغا ئېيتىپ بېرىۋىدى، دوستلىرىمۇ ئۇنىڭغا، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپلا قالماي، يەنە غالچىلار، ھېساباتچىلار، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەنمۇ تىلى بىر ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

خۇاڭ جىگۇاڭ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئىختىيارسىز توۋلاپ كەتتى:

— ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك ئىدى!

— ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان ئادەم بار، قىزىل ئارمىيە كەمبەغەللەرنى باشلاپ، يەرلىك زومىگەرلەرنى يوقىتىدۇ! — دېدى خېلى ئىشلارنى بىلىدىغان جېن مېيىزى.

خۇاڭ جىگۇاڭ قىزىل ئارمىيىگە قىزىقىپ سورىدى:

— قىزىل ئارمىيە دەمسەن؟ ئۇلار قەيەردە؟

جېن مېيىزى بۇنى بىلمەيتتى. باللار پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ، قورسىقى ئېچىپ

كوركىرىغاندىلا پاراڭدىن توختىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى، ئۆيلىرىدە دائىم ئوزۇق ـ تۈلۈك ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، ئوت ـ چۆپ يىغىلىدى چىققاندا ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىۋالىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ساندا. ئۇلار دائىم ئۆزلىرى تاغدىن يېمەكلىك تېرىپ يەيدۇ، ياۋا كۆكتات، ياۋا مېۋە، دەرەخ يوپۇرماقلىرى، تۇخۇمەك، قۇرت ـ قوڭغۇز، قۇش تۇخۇمى، قارىغۇچاشقان، يىلان، پاقا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن قورسىقىنى گوللايدۇ. بەزىدە، ئۇلار كۆن چىمقىماستا ئورمانغا كىرىپ، بېشىنى ئوت ـ چۆپ ئارىسىغا تىقىۋېلىپ، قالغان يېرى بىلەن كارى يوق ئۇخلايدىغان بىر خىل قۇشنى ئۇۋلايدۇ، بۇ قۇشنى تۇتۇۋالغان كۈنى ئۇلارغا بايرام بولىدۇ. ئۇلار ئۇنى پاكىز يۇيۇپ، كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. بەزىدە ئۇلار تاتلىق ياڭيۇغا ئوخشاش ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان بىر خىل نەرسىنى كولاپ يەيدۇ.

خۇاڭ جىگۇاڭنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ جۇشقۇن كەيپىياتىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئېيتقۇسىز خۇشال بولدى. ئۇ بالىسىنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتۈشىنى، خۇاڭ جىگۇاڭنىڭ: «ئاپا، قاراڭ، مانا ماۋۇ قىسقۇچپاقىنى تۇتۇپ كەلدىم! ئاپا، قاراڭ، بۇ ئوتۇنلارنى كېسىپ كەلدىم! ئاپا، قاراڭ، مۇشۇنداق جىق تۇخۇم ئېلىپ كەلدىم!» دېيىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ بېشىغا قارا كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى.

دادىسى قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ قانداقمۇ ئاغرىپ قالمىسۇن؟ كۈندۈزى پومېشچىكنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ، ئات ـ كالىنىڭ ئورنىدا ئىشلەيدۇ، ئاخشىمى قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئېتىزىنىڭ ئىـ

شىنى قىلىدۇ. ئۇ ئۆيىدىكىلەرنىڭ قورسىقىنى بېقىش ئۈچۈن، يەنە كېچىسى كۆنلۈكچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىشلىسە، قانداقمۇ ئاغرىپ قالمىسۇن؟

پومېشچىك لى جىچېڭ خۇاڭ دېجۇڭنىڭ ئاغرىپ قالغانلى-قىنى ئاڭلاپ، ئادەم ئەۋەتىپ قەرز قايتۇرۇشقا قىستىدى. خۇاڭ ئائىلىسىدە يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزنى قايتۇرۇشقا نەدىمۇ پۇل بولسۇن؟ خۇاڭ دېجۇڭ قانچە قېتىملاپ يېلىنىپ، يالۋۇرسىمۇ كار قىلمىدى، ئاخىر لى جىچېڭ ئۇنى قەرز قايتۇرالمىسا، يېرى-نى رەنىگە قويۇشنى ئېيتتى. خۇاڭ دېجۇڭ يېرىنى ئۆلسىمۇ رە-نىگە بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، لى جىچېڭ ئاچچىقىدا ئۇنى ئۇ-رۇپ، دۇمبالىدى.

ئەسلىدىلا ئاغرىق ياتقان خۇاڭ دېجۇڭ بۇ خىل قىيىن - قىستاقتا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ ئۇنىڭ كېسىلى تې-خىمۇ ئېغىرلاپ كەتتى.

خۇاڭ جىگۇاڭ بىر ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكۈدەك بولۇپ قال-غانىدى. ئۇ ئۆيىدە دورا سېتىۋالغۇدەك پۇلنىڭ يوقلۇقىنى بى-لىپ، ئۆزى تاغقا چىقىپ دورا ئەكەلدى. ئۇ تېۋىپ چاقىرتمىدى، دادىسىنىڭ بۇ كېسىلىنىڭ چارچاشتىن كېلىپ چىققانلىقىنى، قۇۋۋەت تولۇقلاش دورىلىرىنىڭ مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىنى بى-لىپ، ئۆزى تاغقا بېرىپ قۇۋۋەت تولۇقلاش دورىلىرىنى كولاپ كەلمەكچى بولدى.

خۇاڭ جىگۇاڭ تاغقا ئىچكىرىلەپ كىردى، تىك قىيالارغا ياماشتى.

خۇاڭ جىگۇاڭدىن تەسىرلەنگەن بىر دورىپۇرۇش ئۇنىڭغا دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى بەردى.

خۇاڭ جىگۇاڭ بۇ دورىلارنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈر-

دى، ئۇ پۈتىنىڭ يېرىلىپ قاناپ كەتكەنلىكىنى، كىيىملىرىنىڭ ئىلىنىپ يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيتتى. ئۇ، دادام بۇ دو- رىلارنى ئىچىپ ساقىيىپ كەتسە، ئىككىمىز بىللە ئېتىزدا ئىش- لىسەك ... نېمىدېگەن ياخشى، دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتى.

ئۆيگە ئاز قالغاندا، خۇاڭ جىگۈاڭ ئىنىسىنى قولىدىكى دو- رىلارنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشكە چاقىردى.

بىراق، ئىنىسى ئادەتتىكىدەك خۇشال يۈگۈرۈپ چىقمىدى، لى جىچېڭ ئەۋەتكەن قەرز سۈيلىگۈچى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ۋارقىراپ - جارقىراپ چىقىۋاتاتتى.

خۇاڭ جىگۈاڭ بىر شۇملۇقنى سېزىپ، قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۆيدىن ئاپىسىنىڭ ئېزىلىپ يىغلىغان ئاۋازى، ئارقىدىن ئىنى- سىنىڭ قورقۇپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

خۇاڭ جىگۈاڭ ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى، ئۆي ئىچىنى يىغا - زار قاپلىغان، دادىسى ئاغزىنى مەھكەم يۇمۇپ ياتاتتى.

خۇاڭ جىگۈاڭ ئەكەلگەن دورىلار دادىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قې- لىشقا ئۇلگۈرمىدى، خۇاڭ دېجۇڭنىڭ ئائىلىسىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قاراشلىق ئەھۋالدا، ئۇ ئۇلارنى تاشلاپ كېتىپ قالغانىدى.

خۇاڭ ئانا ئېرىنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ بالى- سىغا قاراپ ئاھ ئۇردى. بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟ ئاشلىق بولمىسا، ئۇلار نېمە يەيدۇ؟ ئانىنىڭ قولىدىن توقۇمىچىلىقتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ، ھازىر پاختا بولمىسا، نېمە بىلەن توقۇمىچىلىق قىلىدۇ؟

بالا كەلسە قوش كەپتۇ، دېگەندەك، بۇ يىل جۇڭجياڭ ناھى- يىسىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، بىر تال دانمۇ ئالغىلى بولمىدى، ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ يېرى قاغجىراپ كەتكەنىدى !

خۇاڭ ئانا ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

خۇاڭ جىڭگۇاڭ ئاپىسىغا ئەگىشىپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ، سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى.

قەھەتچىلىك يىللاردا تىلەمچىلىك قىلىش ئوڭايمۇ؟ سىچۇەننىڭ دۇنيانىڭ جەننىتى دېگەن نامى بار، بىراق كەمبەغەللەر دوزاخنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتاتتى. كەمبەغەللەر خۇاڭ جىڭگۇاڭلارغا ياردەم قولىنى سۇنالمىدى. پومېشچىكلار ئۇلارنى ئىتلىرىغا تالاتقۇزاتتى. بۇنىڭ بىلەن، خۇاڭ جىڭگۇاڭنىڭ پومېشچىكلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى.

تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، خۇاڭ جىڭگۇاڭنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، كەمبەغەللەرنىڭ ھەممىسى ئاچ - يالىڭاچلىقتا قالسىمۇ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاتقانلىقى، ئۆزلىرىدىگە ئوخشاش كوچىمۇكوچا يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلمىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دوستلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلارمۇ تىرىكچىلىك كويىدا تىركىشىۋاتاتتى. جېن مېيزى كىچىككىنە تۇرۇپ پومېشچىكنىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋاتاتتى، خۇاڭ جىڭگۇاڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك كۈنلۈكچىلەرنىمۇ كۆردى.

ئۇ تىلەمچىلىك تايىقىغا تايىنىپ، كوچىمۇكوچا يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىشتىن خورلۇق ھېس قىلدى.

ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ، قانداق ئىش قىلسا ئازراق ئاشلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئويلاندى.

بىراق، ئۇنىڭ ئاپىسى ياشاشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى.

شۇ كۈنلەردە، خۇاڭ جىڭگۇاڭ ئاپىسىنىڭ روھى سولۇپ، گەپ قىلماي، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى. خۇاڭ ئانا چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىسىنى

ئىزدىدى، دورىنى تاپقاندىن كېيىن دورىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن يەنە ئۈچ بالىسىغا قاراپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، دورىنى ئورنىغا قويۇپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىغۇچىلىكى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى، بىراق ئۈچ بالىسىغا كۆزى قىيمىدى، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، بالىلىرى قانداق قىلىدۇ؟

جۇڭجياڭ ناھىيىسىدە قەھەتچىلىك كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى، تىلەمچىلەر، سەرگەردانلار كۆپىيىۋەردى، يول بويىدا ئاچلىقتىن ئۆلگەن مۇساپىرلارنى دائىم ئۇچراتقىلى بولاتتى، ئەتىگەنلا ساپساق تۇرغان ئادەم كەچتە تىلەمچىلىك قىلىپ قايتىپ كەلگۈچە ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولاتتى.

ئائىلە بويىچە چاشقان دورىسى يەپ ئۆلۈۋالغۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى. خۇاڭ ئانىنىڭ بۇنداق قىلىشقا يۈرىكى چىدىمىدى، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا رازىكى، بالىلىرىنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى.

بىر كۈنى، خۇاڭ ئانا ئاخىر چاشقان دورىسى يەپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، خۇاڭ جىگۇاڭ كىرىپ قېلىپ، ۋارقىراپ يىغلىغىنىچە ئاپىسىنىڭ قولىدىكى دورىنى ئېلىۋالدى.

ـــ بالام، مەن ئۇنچە باغرى تاشلاردىن ئەمەس، سىلەرنى قەستەن تاشلىۋەتكۈم يوق، ھېچ ئامال قىلالمىدىم، سىلەرنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىڭلارنى كۆرۈشكە چىداپ تۇرالمايمەن ... ـــ دېدى خۇاڭ ئانا يىغلاپ تۇرۇپ.

خۇاڭ جىگۇاڭ ئاپىسىنى قۇچاقلاپ، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقىمۇ ماغدۇرى قالمىغانىدى.

ـــ مۇشۇ كۈنلەردە تىلەمچىلىك قىلىش جەريانىدا، نۇرغۇن كەمبەغەللەرنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم،

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com